# شى جىنپىڭ ھىندىستانغا بېرىپ جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ ھەم نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ

## دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو - چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر ۋاڭ جولۇن) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو - چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لو جاۋخۇي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا ھىندىستانغا بېرىپ جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدىغانلىقى ھەم نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رەئىس شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى ۋە نېپال زۇڭتۇڭى باندارىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھىندىستاندىكى چېننايىگە بېرىپ، جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ، نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ. بۇ قېتىمقى زىيارەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەنگەندىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تۇنجى قېتىم زىيارەتكە چىقىشى، شۇنداقلا جۇڭگو دۆلەت رەئىسىنىڭ ئارىدىن 23 يىل ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم نېپالدا زىيارەتتە بولۇشى بولۇپ، جۇڭگو - ھىندىستان، جۇڭگو - نېپال ھەتتا جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشىدۇ، رايون ئالاقىسىنى ئۇتاشتۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىساد - سودا ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق ئاچىدۇ، رايون خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى سۇپا ھازىرلايدۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى، شۇنداقلا دۇنيادا نوپۇسى 1 مىلياردتىن ئاشىدىغان ئىككى چوڭ دۆلەت. جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىشى بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بۇلتۇر ۋۇخەندە تۇنجى قېتىم بىرەسمىي ئۇچرىشىش ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىدى، ئالاقىدار ئىختىلاپلار مۇۋاپىق باشقۇرۇلدى، كونترول قىلىندى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى مۇقىم، ياخشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. چېننايدىكى مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭلى مودى بىلەن دۇنيا چوڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا داۋاملىق كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىپ، ئەجدىھا - پىل ئورتاق ئۇسسۇلىنىڭ رىتىمىنى ئىگىلەپ، جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي رىتىمىنى بېكىتىپ، يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، دۇنياغا جۇڭگو - ھىندىستاننىڭ بىردەك ئاۋازىنى تارقىتىپ، نۆۋەتتە ئېنىقسىزلىققا تولغان دۇنيانى مۇقىملىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاكتىپ كۈچ قوشىدۇ.

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نېپال جۇڭگو بىلەن تاغ - دەريالىرى تۇتاش دوستانە قوشنا دۆلەت، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئاسىيا يۆنىلىشىدە «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشىدىكى مۇھىم ھەمراھى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوللاپ، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. بۇ قېتىمقى تارىخىي خاراكتېرلىك زىيارەت جەزمەن تارىخىي خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ باندارى ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى، قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتنىشىدۇ، زۇڭتۇڭ باندارى بىلەن كۆرۈشىدۇ، زۇڭلى ئولى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ ھەم كۆپ ساھەدىكى ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولىدۇ، نېپال كومپارتىيەسىنىڭ بىرلەشمە رەئىسى پراچاندا، نېپال فېدېراتسىيەسى پارلامېنتىنىڭ مەسئۇلى ھەم ئالاقىدار پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو - نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا يېڭى پىلان تۈزۈپ، جۇڭگو - نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى دەۋرىنى ئورتاق ئېچىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇقىنىڭ ئەلرايى ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ھىمالايادىن ھالقىغان ئىستېرېئولۇق ئۆزئارا تۇتاش تور قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر پاكىستاننى جۇڭگو دىپلوماتىيەسىنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پاكىستاننىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىشلىق ۋە مۇھىم، زور كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە پاكىستان تەرەپنى داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ، پاكىستان تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو - پاكىستان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بىز بىر قاتار تەنتەنىلىك تەبرىكلەش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزدۇق، بۇمۇ بىر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەركەزلىك تەربىيەسى. 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبى مىسلىسىز مۇجەسسەملىنىپ، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى بولۇپ، بىزنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. پاكىستانلىق دوستلار ئىلگىرى جۇڭگو قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەن، ھازىر جۇڭگو تەرەققىي قىلدى، پاكىستان تەرەپنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ قويۇق يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى ۋە تېخىمۇ زىچ ئىستراتېگىيەلىك پىكىرلىشىشنى ساقلاپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەردە مەيدانىنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىپ، ھازىر بار بولغان ئېنېرگىيە، قاتناش ئۆل ئەسلىھەلىرى، كەسىپلەر باغچە رايونى ۋە خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى ياخشى قۇرۇپ، ياخشى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، كارىدورنى يۇقىرى سۈپەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىك قۇرۇلۇشى قىلىپ بەرپا قىلىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پاكىستان تەرەپنىڭ تېررورلۇققا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ ھەم قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مېخانىزمدىكى پىكىرلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

ئىمران خان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو قالتىس تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگونىڭ جانجىگەر دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پاكىستان چىن قەلبىدىن خۇشال بولدى. پاكىستان تەرەپ جۇڭگونىڭ دائىم پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئادالەتنى ياقلىغانلىقىغا، پاكىستاننى قەتئىي قوللىغانلىقى ۋە شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى، پاكىستان - جۇڭگو دوستلۇقى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسىنى ئورتاق يارىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. پاكىستان تەرەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىقنى قوغدايدۇ.

ئىمران خان پاكىستان تەرەپنىڭ ھازىرقى كەشمىر ۋەزىيىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى تونۇشتۇرۇپ، ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئامالنىڭ بارىچە ساقلىنىشقا، ۋەزىيەتنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇراجىئەت قىلدى، پاكىستان تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ چىڭ تۇرغان ئادىل، ئوبيېكتىپ مەيدانىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ كەشمىر ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىۋاتىدۇ، ئالاقىدار ئىشلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئېنىق بىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپ پاكىستان تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تىنچلىق سۆھبەتى ئارقىلىق تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ياڭ جىيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر لىيۇ خۇا) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دىياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا سولومون تاقىم ئاراللىرى زۇڭلىسى سوگاۋارې بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىندا، جۇڭگو - سولومون تاقىم ئاراللىرى ئىككى دۆلەت بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاساسىدا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ، دەۋر ئېقىمىغا ماس كېلىدىغان، ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىدىغان ياخشى ئىش. سىزنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولغانلىقىڭىز ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. سولومون تاقىم ئاراللىرى گەرچە ئەمدىلا جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ، بىراق دوستلۇق ئىلگىرى - كېيىنلىك دەپ ئايرىلمايدۇ، پەقەت قانات يايدۇرۇلسىلا، پارلاق ئىستىقبالى بولىدۇ. بىز سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى پائال كېڭەيتىپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سولومون تاقىم ئاراللىرى 21 - ئەسىر دېڭىز ئۈستى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبقا سوزۇلغان بەلبېغىغا جايلاشقان، ئىككى دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول» چۈشىنىش ئەسلەتمىسىنى ئىمزالاشنى پۇرسەت بىلىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپنىڭ خەلق تۇرمۇشى سەۋىيەسى ۋە مۇستەقىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە كۈچ قوشۇشى كېرەك. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سولومون تاقىم ئاراللىرى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرادىن چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان مەنزىلگاھ دۆلىتى بولۇپ قالدى، بۇ، ئىككى دۆلەت خادىملىرىنىڭ بېرىش - كېلىشى، يەرلىكلەر ئالماشتۇرۇشى ۋە ساياھەت ھەمكارلىقىغا غايەت زور پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپنىڭ جۇڭگو - تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى چوڭ ئائىلىسىگە كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ، سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى مۇنبىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپ مېخانىزمى ئىچىدە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

سوگاۋارې جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ ئىنتايىن قايىل. سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە ۋە دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇشنى تاللىدى، بۇ، سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ چىقارغان تەنتەنىلىك ۋە قەتئىي سىياسىي ۋەدە. سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۈرنەك ئېلىپ، ئۆز تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئۇلۇغ تەشەببۇس بولۇپ، سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپكە غايەت زور پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سودا، سېلىنما، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سولومون تاقىم ئاراللىرى - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ. سولومون تاقىم ئاراللىرى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى ۋە قوللىغانلىقىنى تەرىپلەيدۇ، بۇ، جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسى.

ياڭ جىيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# گۈزەل شىنجاڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە گۈزەللىكىنى نامايان قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ ياخشى خەۋەرلەر ئارقا - ئارقىدىن تارقىلىپ، شىنجاڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىش

دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭنىڭ خىسلىتىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلغىنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلانغان باغچە رايونىنىڭ لايىھەسى بولۇپلا قالماي، يەنە تۈرلۈك مۇسابىقىلەردىن تارالغان خۇش خەۋەرلەر بولدى. بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ ئەترگۈل تۈرىدىكى خەلقئارا مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ قوللىنىشچان كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورلىرى سۈي يۈنجى، گو رۇڭخۇا ئەر - خوتۇن كوللېكتىپنى يېتەكلەپ يېتىشتۈرگەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەترگۈل يېڭى سورتى «تىيانشان شياگۇيۇن» ۋە «تىيانشان شياگۇاڭ» ئايرىم - ئايرىم ئالتۇن مۇكاپات ۋە مىس مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ مۇكاپاتنىڭ ئەھمىيىتى نوقۇل باغۋەنچىلىكتە بېرىلگەن باھا بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئەترگۈل تۈرىگە مۇھىم، زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى سۈپىتىدە، «تىيانشان» يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى شىنجاڭنىڭ گۈل - گىياھ تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈشى، يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ دۇنيا دەرىجىلىك ئېتىراپقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

سۈي يۈنجى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «تىيانشان شياگۇيۇن» ئۈچ مۇھىم سۈپەتنى ھازىرلىغان، بۇ ئۇنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. بىرىنچىدىن، «كۆركەم» بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، ھەربىر تۈپ ئەترگۈلدىن 1000دىن ئارتۇق گۈل ئېچىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «قەددى - قامەتلىك» بولۇپ، ئەترگۈل سورتىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يېقىن بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغاندا گۈلگە پۈركەنگەن دەرەخ دېيىشكە بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «تېمەن - ساغلام» بولۇپ، نۆۋەتتە جۇڭگودا رويخەتكە ئېلىنغان ئەترگۈل سورتلىرى ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ «تىيانشان» يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى بىردىنبىر ئوچۇقچىلىقتا بىۋاستە قىشتىن ئۆتەلەيدىغان سورت ھېسابلىنىدۇ.

«بۇ سورت يېتىشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەردە قىشتا ئەترگۈللەرنى ئۆيگە ئەكىرىشكە ياكى ئۇنىڭغا قېلىن ‹كىيىم› كىيدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، بۇ، ئەترگۈلنىڭ مەنزىرە لايىھەلەش، باغ - ئورمان كۆكەرتىشتىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى چەكلەپ قويغانىدى.» سۈي يۈنجى مۇنداق دېدى: «‹تىيانشان› يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلدى، بۇنىڭ شىمال تەرەپنىڭ ئەترگۈل گۈل - گىياھ كەسپىدىكى ئەھمىيىتى مۇھىم، زور».

ئەترگۈل تۈرىدىكى مۇسابىقىنى باشلىنىش قىلىپ، دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ھەر تۈرلۈك مۇسابىقىلەردىكى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا شىنجاڭ كەينى - كەينىدىن ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن 2019 - يىللىق جۇڭگو بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا، شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى تەشكىلىي كومىتېت كۈمۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى تەشكىلىي كومىتېت كۈمۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 13 جۇڭخۇا كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. پۈتكۈل دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ھەر تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مۇكاپات بولۇپ جەمئىي 18 مۇكاپاتقا ئېرىشتى، غەلىبە خەۋىرى ئۈزۈلمەي تارقىلىپ، شىنجاڭ باغۋەنچىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك ئالغا باسقانلىقىنى نامايان قىلدى.

### ■ پائالىيەتلەرنى سەرخىل قىلىپ، دۇنياغا شىنجاڭنى چۈشەندۈرۈش

ئەگەر دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە قايسى جايلار ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلغان دېيىلسە، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى شۇلارنىڭ بىرى. رەڭدار، كۆپ خىل ئۇسلۇبتىكى ئۇسسۇللار، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ناخشا سادالىرى، تۈرى كۆپ بولغان پائالىيەتلەر شىنجاڭنىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىكى ئەڭ كلاسسىك ئالاھىدىلىككە ئايلاندى.

داپ چېلىنسىلا، ناخشا ساداسى ياڭرىدى، ھايال ئۆتمەي، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىغا زور مىقداردىكى ساياھەتچى توپلاندى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت، كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرى باغچە ئېچىلغان كۈندىن تارتىپ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، «شىنجاڭ كۈنى» باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پائالىيىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. گۇيرۇي تىياترخانىسىدا بوش ئورۇن قالمىغانىدى، كىشىلەر سەھنىدىكى «ناھايىتى گۈزەل» شىنجاڭلىق قىز - يىگىتلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى، بۇ مەيدان يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پۇراق يۇغۇرۇلغان ئويۇن قويۇش تەنتەنىلىك مۇراسىمى خۇددى «ماگنىت»قا ئوخشاش ساياھەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز كېلىشكە جەلپ قىلدى.

كۆڭلەكلەر لەپىلدەپ، ناخشا - ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى؛ مېۋە - چېۋىنىڭ تەمى تىللارنى يېرىپ، ئېغىزلاردا قالدى. بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى ئۆزىنىڭ سىغدۇرۇشچان ۋە ئوچۇق پوزىتسىيەسى بىلەن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مېھمان، دوستلارغا قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان، تەبىئەت ۋە ئادەمىيەت، ئەنئەنە ۋە مودا بىر گەۋدىلەشكەن شىنجاڭنى نامايان قىلدى. ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇلغان ھەرقايسى جايلارنىڭ شىنجاڭنىڭ خاس باغۋەنچىلىكىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ۋە ساياھەت مەخسۇس تونۇشتۇرۇش يىغىنى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنياغا گۈزەل شىنجاڭنىڭ چەكسىز جەلپكارلىقىنى سۈرەتلەپ بەردى.

شىنجاڭ جۇڭگوغا مەنسۇپ، جۇڭگو دۇنيا بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ قېتىمقى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كاتتا مەرىكىدە، شىنجاڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن دۇنيانىڭ ئېكولوگىيەنى تۈزىشى ئۈچۈن كۈچ قوشتى؛ سىغدۇرۇشچان قەلبى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئورتاق يۇغۇرۇلۇش ئەھدىسىگە ئاتلاندى؛ تېخىمۇ سەممىي ئىرادىسى بىلەن دۇنياغا بۇ تۇپراقنىڭ شۇ جايدىكى خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشنى كۆزلەيدىغانلىقىدەك سەممىي تەدبىرىنى نامايان قىلدى. 10 - ئايدىكى شىنجاڭ يارقىن نەتىجىسى ئارقىلىق دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى بىلەن خوشلاشتى، شۇنداقلا تېخىمۇ گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇشتەك قەتئىي ئىرادە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئەتىگە قاراپ ئاتلاندى!

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ ئىستىلنى ياخشىلاپ، تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز

ھازىر، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسى پىلال كەنتىدىكى كۈزلۈك يىغىم خىزمىتى تېخى ئاخىرلاشمىدى، دائىم كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ پىلال يېزىسى پىلال كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى جوۋ فېڭ مۇنداق بىلدۈردى: پىلال كەنتى بۇ يىل نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىققان ئېغىر نامرات كەنت، بىز چوقۇم باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىن قەلبىمىز، چىن ھېسسىياتىمىز، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

يېڭىشەھەر ناھىيەسى ئارال يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جەن باڭجۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. «بىز مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۆزلۈكسىز تۇتۇپ، كونكرېت تۇتۇپ، چوڭقۇر تۇتۇپ، قاراتمىلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دەل جايىدا بولۇشنى كۆزلىشىمىز، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلىشىمىز كېرەك.» جەن باڭجۇ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن يېزىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك».

### ■ كۈرەش ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلارچە زىممىمىزگە ئالىمىز

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىجىر بازىرى شۈيموگۇۋ كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى مۇقامەت قادىر ئۆزىنىڭ دېھقانلار مېھمانخانىسىدا ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ بىۋاستە كۆرسىتىلىشىنى كۆردى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاپ، قەلبىم ھاياجانغا تولدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، مەن نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدىم، ئەمدى قانداق بېيىشتا يەنە ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر سىياسەت بەك ياخشى، پەقەت بىز پۇختا ئىشلىسەكلا، كېيىنكى كۈنلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز».

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ ئاداق يېزىسىدا دېھقانلار ئارامگاھى ئاچقان غالىپ ياقۇپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۆيىدىكى ناراتلارنى يۆلەش تۇخۇسى ياخشى بېقىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرى ياخشى بولغاچقا، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى نامرات ئائىلە ئىدىم، ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىۋاتىمەن، بۇ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولدى. باش شۇجى ‹جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ› دېدى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلاندىم، ناھايىتى پەخىرلەندىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم غەيرەتكە تولدى».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، ۋاڭ شىنخۇڭ، خەن چىنيەن، گې يۈۋجۈن، خې لىڭ، رايىدە، ئىختىيارى مۇخبىرلىرىمىز چېن لىڭ، ۋۇ دەن يازغان)**